جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

ــ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقى پەيتىدە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

تارىخىي تۇمانلارنى كېسىپ ئۆتكەندە، قان كېچىپ كۈرەش قىلغان، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش ئۈچۈن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان ئاشۇ يىللار يەنىلا كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

زېمىننى جەنۇب ـ شىمال، ئادەمنى قېرى ـ ياش دەپ ئايرىماي، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقىغا قارىماي، دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە بىرلىكتە ئاتلىنىپ، 14 يىل كۈرەش قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا تۇنجى قېتىملىق تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ دەل ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەتچىللىك ئوتتۇرىسىدىكى زور ھەل قىلغۇچ جەڭ، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇھىم، زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى. قانلىق ۋە يالقۇنلۇق سىناقتا، قەدىمىي جۇڭگودىن ئىبارەت سۇمۇرغ ئوتتا تاۋلىنىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي مۇساپىنى باشلىدى.

پۈتكۈل 14 يىللىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگو غايەت زور بەدەل تۆلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ يېرىم زېمىنى ياپون قاراقچىلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى، 930دىن ئارتۇق شەھەر ئىشغال قىلىۋېلىندى، ئارمىيە ۋە خەلقتىن 35 مىليوندىن ئارتۇق كىشى تالاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 100 مىليارد دوللار بولدى، ۋاستىلىك ئىقتىسادىي زىيان 500 مىليارد دوللار بولدى...

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەشەببۇس قىلىپ قۇرغان گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتلىق يولى ئىزدەش، جۇڭگودىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ھەم چەت ئەللەردىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسىگە ئايلاندى، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىغا ئاتلاندى.

دۇنيا تىنچلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ بىر مەيدان دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئەڭ بالدۇر باشلانغان، ئەڭ ئۇزاق داۋاملاشقان، قارشى تۇرغان ۋە يوقاتقان ياپونىيە ئارمىيەسى ئەڭ كۆپ بولغان، تۆلىگەن بەدىلى ئەڭ زور بولۇپ، ياپون فاشىستلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يېڭىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان مىللەت غورۇرى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئاداققىچە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قەتئىي تەۋرەنمەي جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادى...

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇلۇغ ئۇرۇشىدا تاۋلانغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇش روھى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنى مەيلى قانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراشتىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ تىز پۈكمەي، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە!

بوران ـ چاپقۇننى كۆپ باشتىن كەچۈرگەن كىشىنىڭ ئىرادىسى تاۋلىنىدۇ، ئازراق نەتىجە يارىتىپ توختاپ قالساق بولمايدۇ، چۈنكى ئالدىمىزدا يول تېخى ئۇزۇن.

75 يىل بۇرۇنقى ئۇلۇغ غەلىبە سانسىزلىغان ئىرادىلىك زاتلارنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى ئاچتى.

75 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بىز قانداق ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەلگۈسىنى يارىتىمىز...

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىلمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى»، «شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ قائىدىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ «شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشقاندىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە خىزمەت تەسەۋۋۇرى» قاتارلىقلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چوڭ ۋەزىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى تەپەككۇرى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەت يېڭى تەپەككۇرى، يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيەلىنىشتە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىش ھەم كەڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىنى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، تەشكىللەپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى مېڭىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، قانۇنچىللىق ئەمەلىيىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىنى مەۋقەنى ئۆز ئىش ئورنى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، نازارەت قىلىش فۇنكسىيەسى ۋە رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە يېتەكلەش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرى باش نىشاننى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسى قاتارلىق جەھەتلەرنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، دەلىللەش ۋە قانۇنچىللىق بويىچە باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، تەرەققىيات نەزەر دائىرىسىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدا قانۇنچىللىق بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى، قانۇن مۇلازىمىتى، قانۇن، قانۇنشۇناسلىق ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان نۇقتىلىق مەسىلىلەر، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قانۇنچىللىق قىزىق نۇقتىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «ئاقىلار ئۆمىكى»، «سەنمۇۋلار ئامبىرى»لىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى نەزەرىيە تىرىكى ۋە ئەمەلىي پايدىلانما بىلەن تەمىنلەپ، قانۇنشۇناسلىق ئەقىل ـ پاراستى ۋە قانۇنچىللىق كۈچىنى قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، باھارگۈل سەمەت، لى يۈجۈن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇشىمىز، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشتا قويۇۋېتىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە، بىز باشتىن ـ ئاخىر ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشنىڭ بىر تۈرلۈك مەزمۇنى، بىر خىل ئادەت قىلىساقلا، ئاندىن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىز.

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشتا يەنە دائىم بولۇش بىلەن ئۇزاققىچە بولۇشنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش جەزمەن ئىرادىنى ساقلاش، ئۇزاققىچە بوشاشماسلىق كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يىلنىڭ پەقەت تۆت ئايغا يەتمىگەنلا ۋاقتى قالدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋەزىپىسى مۈشكۈل. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

سۇك يوشيا:

قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش قەدىمىنى ئىزچىل توختاتمىدى

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن**

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ پەرۋىش خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۇك يوشيا ئالدىراش قەدىمىنى ئىزچىل توختاتمىدى.

«ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشقى ئېلىپ بېرىلدىمۇ ـ يوق، دوختۇرنىڭ ئاغرىق توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقىنى ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى تەپسىلىي ئېنىقلاش كېرەك، ئاغرىق دوختۇرخانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچەم بويىچە قاتتىق دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك... گەرچە ئاغرىقلار ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دوختۇرخاندا يۇقۇمنى تىزگىنلەش ۋە پەرۋىش خىزمىتىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ...» بۇ كۈنلەردە، گەرچە كۆپ قىسىم ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن سۇك يوشيا ھەر كۈنى يەنىلا ئاغرىقلار رايونىغا كىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، دوختۇرخانىدىن چىقمىغان ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى، پەرۋىش خىزمىتىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

«بۇ قېتىم بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشقان پەرۋىش قوشۇنىدا 1260 كىشى بار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 24 داۋالاش ئاپپاراتى، 33 داۋالاش ئەترىتىدىن كەلگەن، قانداق قىلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى كۆپ يەن، كۆپ قاتلامدىن كەلگەن پەرۋىش خادىملىرىنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇش، پەرۋىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پەرۋىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئەڭ مۇھىم مەسىلە.» سۇك يوشيا دەسلەپتە خىزمەتنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئېنىق ئېيتتى.

پەرۋىش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك تىك لىنىيەلىك باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەسىس قىلدى، سۇك يوشيا بىرلەشمە پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ شيۇمىن قاتارلىق پەرۋىش باشقۇرۇشتا تەجرىبىسى مول خادىملار بىلەن بىرلىكتە قائىدە ـ تۈزۈم تۈزۈپ، تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى خىزمەت مېخانىزمى بىلەن ئاغرىقلار رايونىدىكى پەرۋىش بايلىقىنى تەشكىللەش، تەقسىملەش ۋە تەربىيەلەشنى ماس قەدەمدە يولغا قويدى.

«بىز بىر تەرەپتىن ئاغرىقلار رايونىنى ئۆزگەرتىپ ئورۇنلاشتۇردۇق، بىر تەرەپتىن تېببىي خادىملارنى شەخسىي مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قاپلاش، قاراڭغۇ بۇلۇڭ بولماسلىق، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن دوختۇرخاندىكى تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق.» سۇك يوشيا ھەربىر ھالقىدا نەق مەيدانغا بېرىپ تەرتىپ بويىچە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، تەپسىلىي ئويلىنىشتا چىڭ تۇردى.

«ھەرقايسى قاتلامدىكى پەرۋىش خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ھەر قېتىمقى ئىسمېنىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولدى، ئاغرىقلارغا قارىتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ھەم داۋالاش تەلىپى ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيلەشتى.» سۇك يوشيانى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى پەرۋىش ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېشى 50 تىن ئاشقان، بەزىلىرى 2000 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلار بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسى ۋايساپ باقمىدى، كۆپچىلىك ھەر كۈنى تولۇپ تاشقان روھىي ھالەتتە ئاغرىقلار رايونىغا كىرىپ، ئاغرىقلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى».

بىر قېتىم سۇك يوشيا سەييارە تەكشۈرۈلىدىغان كېسەلخانىغا كىرمەكچى بولغاندا، بىر سېستىرا تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىقىپ، تەرتىپ بويىچە مۇداپىئە كىيىمىنى سېلىۋېتىشتە چىڭ تۇردى، «ئۇنىڭ كېيىمى ھۆل بولۇپ، ئۇستىبېشىدىن تەر ئېقىپ تۇراتتى، ئۇ يىقىلىپ چۈشەي دېگەندە، مەن ئۇنى يۆلىۋالدىم.» سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۇك يوشيانىڭ كۆز چانقى ياشقا تولدى.

سۇك يوشيا خىزمەت جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن پۈتىنى قايرىۋالغانلىقتىن، ئۇڭ تىزىغا سۇ يىغىلىپ قالدى. ئۇ يىغىلىپ قالغان سۇنى ئېلىۋېتىپ، ھەمىلاش ئوكۇلى ئۇرۇپلا، خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى. «بۇنداق چاغدا ئاغرىپ يېتىپ قالسام قانداق بولىدۇ.» دېدى ئۇ ھەتتا سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

يىل بېشىدىكى يۇقۇمدا، سۇك يوشيا ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قوبۇل قىلىپ داۋالىغان تۇنجى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقىدىن باشلاپ، كېلىنىكىدا «مۇز يېرىپ» ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى مەنبەسىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق 16 يۈرۈش ئۆلچەملىك مەشغۇلات تەرتىپى ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئۇنى خۇلاسىلىدى، بۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنىڭ «شىنجاڭ تەجرىبىسى»گە ئايلاندى؛ يىراق مۇساپىلىك تور سۆھبىتىغا تايىنىپ، 24 سائەت ۋاقىت چەكلىمىسىز دىياگنوز قويۇش خىزمەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، «نەزەرىيەنى چۈشەندۈرۈش + ئەمەلىي ئوقۇتۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 1012 داۋالاش ئاپپاراتىدىكىلەرگە توردا بىۋاستە كۆرسەتتى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ئاسان بايقالماسلىقتەك قىيىن مەسىلىنى ھۇجۇم قىلىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا دىياگنوز قويۇپ داۋالاش ۋە ئايرىش تەرتىپىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە پەرۋىش كوللېكتىپىدىكىلەرنى باشلاپ، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى مەزگىلىدىكى پەرۋىش باشقۇرۇش خىزمىتى قوللانمىسى»نى رەتلەپ چىقتى.

سۇك يوشيا مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇش روھى بىلەن، مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. «مۇھەببىتىمىز ئارقىلىق ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى ئاسرىشىمىز ۋە ھۆرمەتلىشىمىز، ھاياتىمىز ئارقىلىق ھاياتلىقنى قوغدىشىمىز كېرەك.» سۇك يوشيانىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان سۆزلىرىدىن مۇلايىملىق، قەتئىيلىك نۇرى چاقناپ تۇراتتى.